# 20226 - گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

قىز-خانىملارنىڭ، ھايۋاناتلار مېيى ياكى ھاراق تەركىبى قوشۇلمىغان گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىشى دۇرۇسمۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

ئايالنىڭ ئىرى ئۈچۈن شەرىئەت يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە گۈزەللىنىشى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھىم بولغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئايالنىڭ ئىرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى،ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە،ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىللىقلىقپەيدا بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ.بۇ بولسا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن ئىبارەتتۇر.ئەگەرگىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىش ئىشلەتكۈچىگە زىيان يەتكۈزمىسە ئىشلەتسە ھېچنىمە بولمايدۇ.

ئەمما مەن گىرىم بويۇملىرىنىڭ يۈز تېرىسىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ياشنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ، يۈز تېرىسىنىڭمۇددەتتىن بۇرۇن قېرىشى ۋە سەتلىشىپ كېتىشى توغرىسىدا مەلۇماتلارنىئاڭلىدىم. ئاياللارنىڭ بۇ توغرىدا مۇتەخەسسىس دوختۇرلاردىن سورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن يۇقىرىقى سۆز تەكىتلەنسە، گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىش ھارام ياكى مەكرۇھ بولىدۇ.چۈنكى ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىش نەتىجىسىدە شەكلىدە بىنورمال ئۆزگۈرۈشياكى سەتلىشىپ كېتىش كېلىپ چىقسا، مەزكۇر نەرسىنى ئىستىمال قىلىش ھارام ياكى مەكرۇھ بولىدۇ.

بۇمۇناسىۋەت بىلەن بىر نەرسىنى (يەنى تىرناق لاكىنى)يادلاندۇرۇپ قويۇشنى خالايمەن، بۇ نەرسەبولسا ئاياللار تىرناقلىرىغا ئىشلىتىدىغان گىرىم بويۇملىرىدىن بولۇپ،ناماز ئوقۇيدىغان ئاياللارنىڭ(يەنى ناماز ئوقۇيدىغان كۈنلەردە)ئىشلىتىلىشى جايىز ئەمەس.چۈنكى بۇ بويۇم تاھارەت ئالغاندا تىرناققا سۇ يېتىشتىن چەكلەپ قالىدۇ.تاھارەت ئالغۇچى ۋە غۇسلى قىلغۇچىنىڭ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان ئەزالىرىغا سۇ يېتىشىنى توسىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىشى جايىز بولمايدۇ.ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى ٱلۡمَرَافِقِ وَٱمۡسَحُواْ بِرُءُوسِكُمۡ وَأَرۡجُلَكُمۡ إِلَى ٱلۡكَعۡبَيۡنِۚ﴾تەرجىمىسى:«ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار» [سۈرە مائىدە 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].ئايەت.

تىرناق لاكى ئىشلەتكۈچىئايال، تاھارەت ئىلىش ئۈچۈنپۇت-قولنى يۇغان تەقدىردىمۇ ئالغان تاھارىتى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنداقلا تاھارەت ياكى غۇسلىنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزنى تەرك قىلغان بولىدۇ.ئەمما ناماز ئوقۇمايدىغان ئاياللار ئىشلەتسە ھىچگەپ يوق. (يەنى قىز-خانىملار ھەيزدارلىق ھالەتلىرىدە كاپىر ئاياللارنى دورىمىغان ئاساستا ئىشلەتسە بولىدۇ).

**«مۇسلىمە ئاياللار توغرىسدا پەتىۋالار »**ناملىق ئەسەر 1-توم 474-بەت

توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.